يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# «كۆپ قىرلىق» دېھقانلار رەڭدار تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولدى




□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز
رايىدە، جاڭ جىلى

«مېنىڭ يۇرتۇم پەيزاۋات ناھىيەسىدە، بۇ يەردە ئەڭ داڭلىق پەيزاۋات قوغۇنى...» 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ غولتوغراق بازىرى چالائوسا كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئەلى روزى توردا بىۋاستە تارقىتىشنى باشلىدى. ئۇ پەيزاۋات قوغۇنى تېرىۋاتقىنىغا 30 نەچچە يىل بولغان قوغۇنچى دېھقان بولۇپ، بۇ يىل ئۇ يەنە «بىۋاستە تارقىتىش دارىنى» دېگەن يېڭى سالاھىيەتكە ئىگە بولدى.

كۆپ خىل كەسىپ ۋە سالاھىيەتكە ئىگە كۆپ مەنبەلىك تۇرمۇشنى تاللىغان ياشلار «كۆپ قىرلىق» ياشلار دەپ ئاتىلىدۇ. قەشقەر ۋىلايىتىدە بىر قىسىم دېھقانلار كەسىپ ئىشچىسى، بىۋاستە تارقىتىش دارىنى، تېخنىك قاتارلىقلارغا ئايلاندى. «كۆپ قىرلىق» دېھقان ئۇلارنىڭ نامى بولۇپ قالدى.

«بۇ يىل 9 ـ ئايدا مەن توردا بىۋاستە تارقىتىش بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشتىم. گەرچە مەن ياش بولمىساممۇ، لېكىن بۇ مېنىڭ يېڭى شەيئىلەرنى ئۆگىنىشىمگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ» دېدى ئەلى ئىشەنچ بىلەن. شۇ جايدىكى مول تەجرىبىگە ئىگە توردا بىۋاستە تارقىتىش «ۋاڭخۇڭ»دىن ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۇ توردا بىۋاستە تارقىتىش ئارقىلىق يۇرتىنىڭ خاس مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇرۇشنى سىناشقا باشلىدى، يەنە تېخى بىر تەرەپتىن ساز چېلىپ، بىر تەرەپتىن يۇرتىنى مەدھىيەلەيدىغان قوشاقلارنى ئېيتىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

«بۇ يىل ئائىلىمىز تېرىغان پەيزاۋات قوغۇنى پىشقاندىن كېيىن، باشقىلار بىۋاستە تارقىتىش ئارقىلىق ماڭا ياردەم قىلىپ سېتىشىپ بەردى، ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى. مېنىڭ ھازىرقى بىۋاستە تارقىتىشىم كېلەر يىلى پەيزاۋات قوغۇنىنى سېتىشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈندۇر. نۆۋەتتە نۇرغۇن تورداش مەن بىلەن ئالاقىلىشىپ، كېلەر يىللىق پەيزاۋات قوغۇنىنى زاكاز قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ» دېدى ئەلى.

قوغۇنچى دېھقان ۋە «بىۋاستە تارقىتىش دارىنى»دىن ئىبارەت ئىككى سالاھىيەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئەلى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بارغانسېرى مەنىلىك ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۆزىنىڭ قوغۇنىنى سېتىش بىلەن بىللە، يەنە تورداشلارغا ئۆزىنىڭ يۇرتى ھەمدە يۇرتىنىڭ يېزا ئىگىلىك خاس مەھسۇلاتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، بىر ئىشتىن كۆپ ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

بۇنداق قىلىۋاتقانلار يالغۇز ئەلىلا ئەمەس. تۇبۇخان ئەمەت يەكەن ناھىيەسى تاغارچى بازىرى يۇقىرى بويىلا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى، ئۇنىڭ ئائىلىسى كۆكتات پارنىكى تېرىقچىلىق ئائىلىسى ئىدى. تۆت يىل ئىلگىرى يېتەكلەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىنىڭ پايدىسىدا، ئىلگىرى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە تۇبۇخان يەكەن ناھىيەسىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش كەسىپلەر باغچىسى مايسا يېتىلدۈرۈش مەركىزىگە كېلىپ ئىشلىدى. تەربىيەلىنىش ئارقىلىق تۇبۇخان كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە، گۈل ـ گىياھ يېتىلدۈرۈش تېخنىكىسىنى پىششىق ئىگىلىدى، يەنە گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ، ئون پارنىكنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى.

«كەنتتە مەن پارنىك تېرىقچىلىق كەسپىي ئائىلىسى؛ بۇ يەردە مەن مايسا يېتىلدۈرۈش مەركىزىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى. ھەربىر خىزمەتنىڭ ھەممىسى ماڭا ئاز بولمىغان كىرىم ئېلىپ كېلىدۇ. ھازىر پارنىكتا شوخلا مايسىسى، لازا مايسىسى، چەيزە مايسىسى قاتارلىقلارنى يېتىلدۈردۈم، بۇ كۆكتات مايسىلىرىنى تېزلا ساتقىلى بولىدۇ. مەن پارنىكتىكى كۆكتات مايسىلىرىنى سېتىپ بولغاندىن كېيىن، پارنىكتا مايسا يېتىلدۈرۈش كۆلىمىنى داۋاملىق كېڭەيتىمەن. تېخىمۇ كۆپ يۇرتداشلارنىڭ مايسا يېتىلدۈرۈش تېخنىكىسىنى ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىمەن» دېدى تۇبۇخان.

«كۆپ قىرلىق» دېھقانغا ئايلانغاندىن كېيىن، سالاھىيەتنىڭ كۆپ خىللىشىشى، كىرىمنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشى بىلەن، بەزىلەر كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىدى، بەزىلەر مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتتى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولدى.

بۇ يىل 37 ياشقا كىرگەن گۈلياسەمەن سۇلتان يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ سۆگەت يېزىسى لايبۇلاق كەنتىدىكى بىر ئاددىي ـ ساددا يېزا ئايالى. ئىلگىرى ئۇ پەرزەنتلىرىنى بېقىپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلىپ، قازان بېشىنى چۆرگىلەپلا يۈرەتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كېڭەش باشلىقى، قومۇش پىششىقلاش زاۋۇتىنىڭ زاۋۇت باشلىقى، ترانسپورت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورىدىن ئىبارەت ئۈچ سالاھىيەتكە ئىگە بولدى.

«كەنتتە نۇرغۇن قومۇش بار، لېكىن پايدىلىنىلمىدى. قېيىنئاتام ـ قېيىنئانام قومۇشتىن بورا توقۇشنى بىلىدۇ، مەن بۇنى بېيىشتىكى بىر ياخشى ھۈنەر ئىكەن دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، بورا توقۇپ بازارغا ئاپىرىپ ساتتىم. ئاستا ـ ئاستا زاكاز كۆپەيدى. كەنت ‹ئىككى كومىتېت›نىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، مەن يەنە پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇپ، كەنتتىكى ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدىم» دېدى گۈلياسەمەن.

گۈلياسەمەن قومۇش پىششىقلاش زاۋۇتىنى باشقۇرۇش جەريانىدا يەنە ترانسپورت مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ترانسپورت ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. «ھازىر قىلىۋاتقان ئىشىم كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ھەربىر كۈنى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈۋاتىمەن، بالىلارغىمۇ ئۈلگە تىكلەپ بەردىم. ھازىر بالىلارمۇ دائىم ياخشى ئۆگىنىپ، ماھارەت ئىگىلىگەندىن كېيىن بىزمۇ ئىگىلىك تىكلەيمىز، ئاندىن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى بېيىشقا يېتەكلەيمىز دەيدۇ».

ئەلى، تۇبۇخان، گۈلياسەمەندىن ئىبارەت بۇ ئۈچ «كۆپ قىرلىق» دېھقان بۈگۈنكى كۈندە قەشقەر ۋىلايىتىدىكى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش يېڭى قىياپىتىنىڭ ئىخچام كارتىنىسى بولۇپ قالدى. 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى، «بىر ئادەمگە بىر ئىش ئورنى بولۇش» قاتارلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى، ئىگىلىك تىكلەش سىياسىتىنىڭ يۆلىشى قاتارلىقلار شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە كىرىمنىڭ كۆپ مەنبەلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىش قىلىش، ئىگىلىك تىكلەش قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنى ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش يولىدا تېخىمۇ خۇشال، مەزمۇت مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى يېڭى دەۋردە دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىشتىكى پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەت، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈپ، قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسىنىڭ جايىدا، پۇختا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. شى جىنپىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيەسىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش دەۋر تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ۋەزىيەت ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كەلگەن مۇھىم، زور نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىسى، ماركسىزملىق قانۇنچىلىق نەزەرىيەسىنى جۇڭگولاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ مىزانى ۋە ھەرىكەت كۆرسەتمىسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئاڭلىقلىقى، قەتئىيلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. شى جىنپىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك، دەل جايىدا ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، داۋاملىق چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىپ، 11دە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم، زور خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ئىدىيەنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ سىياسىي يۆنىلىشى، مۇھىم ئورنى، خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى، نۇقتىلىق ۋەزىپىسى، مۇھىم، زور مۇناسىۋەتتى، مۇھىم كاپالىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە يىغىن روھىنى شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تەپەككۇر تەدبىرى ۋە جانلىق ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيەسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانۇنچىلىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپىنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى، سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنى كۈچلۈك قانۇنچىلىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قاتتىق جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈش، زورايتىش كېرەك. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە يېڭى بۆسۈش قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، مۇھىم ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، رايون ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تۈرتكە قىلىپ، ئىچكى قۇرۇقلۇقنى ئېچىۋېتىش ۋە چېگرا بويىنى ئېچىۋېتىش ئېگىزلىكىنى بەرپا قىلىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى قەتئىي تاماملاپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ئۈنۈملۈك كۈچەيتىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ يېشىل تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەدە چىڭ تۇرۇپ، كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، تىرىشىپ گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. سالماقنى زورايتىپ خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ كاپالەتلىك، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل قىلىش كېرەك.

يىغىندا 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى بويىچە، ئۆز جايى، ئۆز تارمىقىنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ماددىمۇماددا، تۈرمۇتۈر ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، پارچىلاپ، مەسئۇلىيەت، ئىش تەقسىماتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ھەقىقىي تۈردە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە تۈرتكە بولىدىغان ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

يىغىندا يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى بىلەن 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپنى تەييارلاش خىزمىتى ئەھۋالى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. يىغىندا 2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىنى ئېچىش قارار قىلىندى.

شەۋكەت ئىمىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

يۇرتنى سۆيۈش شىنجاڭنى سۆيۈش

# ياش «نەشپۈتچى دېھقان»نىڭ باشقىچە تاللىشى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى
گاۋ خەن، خۇ خۇخۇ

كەچ كۈز مەزگىلىدە، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ «بىڭتاڭشىن» ئالمىسى مول ھوسۇل پەسلىنى كۈتۈۋالدى، ھازىر ئېلېكترونلۇق سودا تېز يۈرۈشى ئارقىلىق ھەرقايسى جايلاردىكى ئىستېمالچىلارنىڭ قولىغا يەتكۈزۈلۈۋاتىدۇ. نەشپۈت، تاتلىق ئۆرۈك، ئالما قاتارلىق خاس يېڭى مېۋىلەرنىڭ بازىرىنىڭ ئىتتىك بولۇشى ئالاقىدار كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپلا قالماي، يەنە ھەسەنجان ئەخمەت قاتارلىق بىر تۈركۈم ياشلارنى ئىگىلىك تىكلەشكە جەلپ قىلدى.

بۇ يىل 4 ـ ئايدا، 33 ياشلىق ھەسەنجان ئۈچ شېرىكى بىلەن ئاقسۇ شەھىرىدە رۇگو يوۋجياگلەي بېيوپەن ـ تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى قۇردى. يېرىم يىلغا بارمايلا، شىركەتنىڭ توردىكى سودا سوممىسى 17 مىليون يۈەندىن ئاشتى. شىركەتنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى ئىگىلىك تىكلىگۈچى ھەسەنجاننى مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلدى، شۇنداقلا ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدىكى تاللىشىدىن خۇرسەن قىلدى.

2012 ـ يىلى، ھەسەنجان داشۆنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ، دادىسى بىلەن بىللە ئائىلىسىنىڭ 50 مو نەشپۈتلۈكىنى باشقۇردى.

«ئەنئەنىۋى ئۇسۇل ئارقىلىق ساتقاندا زىيان كۆپ، پايدا ئاز بولىدۇ.» ھەسەنجان مۇنداق دېدى: ئىلگىرىكى تەجرىبىگە ئاساسلانغاندا، 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىلا نەشپۈتنىڭ «ئىچى قارىداش»قا باشلايدۇ، بۇ، بۇنىڭدىن بۇرۇن چوقۇم سېتىپ بولمىسا بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بۇ يىل 3 ـ ئايدا، ھەسەنجاننىڭ قولىدا يەنە سېتىپ بولالمىغان نۇرغۇن نەشپۈت بار ئىدى، «نەشپۈت سېتىشتىن بولغان زىيان پەقەت زىياننىڭ بىر قىسمى، ئىجارىگە ئالغان توڭلىتىش ئىسكىلاتى ھەققىمۇ ئاز بولمىغان چىقىم ھېسابلىنىدۇ».

ئۇدۇل كېلىپ قالغىنى شۇكى، ھەسەنجاننىڭ ھازىرقى ئىگىلىك تىكلەشتىكى ھەمكارلىق ھەمراھى لى چېڭجۈن ئۇنىڭ ئائىلىسىگە نەشپۈت سېتىۋالغىلى باردى.

بىر تەرەپتە يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە باغۋەنلەرنىڭ قولىدىكى نەشپۈت سېتىلماي بېسىلىپ قالدى، بىر تەرەپتە ئۈندىدار سودىسىغا تايىنىپ سېتىلىدىغان نەشپۈت ئۆكسۈپ قالدى. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، سودىنى ناھايىتى ياخشى قىلغىلى بولاتتى، ئەمما ھەسەنجان ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق سېتىشنى رەت قىلدى.

«ئىلگىرى ئېلېكترونلۇق سودا بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىغاچقا، توردا مالنى كۆپ ساتقىلى بولمايدىغاندەك، ھەممىسنى ئالدامچىلىقتەك ھېس قىلاتتىم» دېدى ھەسەنجان چۈشەندۈرۈپ.

تور سودىسى جانلىنىپ، لى چېڭجۈن ساتقان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەمىناتى ئېھتىياجنى قاندۇرالمىدى، بىر ھەپتىگە بارمايلا 40 توننا نەشپۈت سېتىلىپ بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ھەسەنجاننىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىدى: «40 توننا، بۇ ئائىلىمىزنىڭ نەچچە ئايلىق سېتىش مىقدارىغا تەڭ دېگۈدەك ئىدى».

«قانداق قىلىش كېرەك، 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرى كېلەي دەپلا قالدى، مەن سىناپ بېقىش روھىي ھالىتى بىلەن لى چېڭجۈننى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلاشتىم.» ھەسەنجان مۇنداق دېدى: «سىناپ بېقىپ توغرا قىپتىمەن، مېنىڭ نەشپۈتلىرىملا ئەمەس، ھەتتا ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوستلىرىمنىڭ نەشپۈتلىرىنىمۇ سېتىپ بولدۇق، ئەسلىدە زىيان تارتىمىز دەپ تەييارلىق قىلىپ قويغاندۇق، ئويلىمىغان يەردىن يەنە خېلى كۆپ پۇل تاپتۇق».

شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ھەسەنجاندا ئىگىلىك تىكلەپ ئېلېكترونلۇق سودا قىلىش ئويى تۇغۇلدى، توغرا كېلىپ قالغىنى لى چېڭجۈنمۇ بىر ئېلېكترونلۇق سېتىش شىركىتى قۇرۇشنى ئويلاپ تۇرغانىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ لى چېڭجۈن بىلەن بىرلەشتى.

ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى بولمىغان بىرىنچىچە ياش زادى ئىگىلىك تىكلىيەلەمدۇ ـ تىكلىيەلمەمدۇ؟

ئېلېكترونلۇق سودىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بېرىۋاتقان ئاقسۇ شەھەرلىك ھۆكۈمەت جاۋاب بەردى: ئۈچ يىللىق ئۆي ئىجارىسى، سۇ ـ توك ھەققى، مۈلۈك باشقۇرۇش ھەققى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، كومپيۇتېر ۋە ئىش ئۈستىلى، ئورۇندۇق سەپلەپ بېرىلىدۇ، ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر پەقەت سومكىسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپلا ئىش بېجىرسە بولىدۇ...

ئاقسۇ شەھىرى ئوتتۇرىغا قويغان ياشلارنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە ئىلھام بېرىدىغان بىر قاتار تەدبىرلەر ھەسەنجاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ئىگىلىك تىكلىگۈچىنى ئەندىشىدىن خالاس قىلىپ، يېنىك جابدۇنۇپ ئىگىلىك تىكلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

«شىركەت يېڭى قۇرۇلغان ۋاقىتتا، ھەر كۈنى 1000 يەشىك مەھسۇلاتنى ساتالىساقلا ياخشى بولىدۇ دەپ ئويلىغاندۇق.» ھەسەنجان مۇنداق دېدى: نەتىجىدە شىركەتنىڭ تەرەققىياتى ھەممەيلەننىڭ مۆلچەرىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتتى، مېۋە ـ چېۋە سودىسىنىڭ يۇقىرى پەللە مەزگىلىدە، بىر ئايدا پەقەت تېز يەتكۈزۈش ھەققىگىلا 600 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلىدۇق.

شىركەتنىڭ كەسىپ مىقدارىنىڭ زور دەرىجىدە ئۆرلىشى ئۇلارنىڭ بىر تىجارەت سىرىدىن بولدى — دېھقان ئائىلىلىرىدىن تېخىمۇ يۇقىرى باھادا سېتىۋالدى. ھەسەنجان مۇنداق دېدى: «تېخىمۇ يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىش بىلەن بىللە، بىز باغۋەنلەردىن مەھسۇلاتلارنى ئۈزۈش ھالقىسىدىلا دەرىجىگە ئايرىپ ئوراپ قاچىلاپ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدۇق».

ئاقسۇ ۋىلايىتى تارىم ئويمانلىقىنى ئوراپ تۇرغان باغ ـ ئورمان بەلبېغىغا جايلاشقان، تۈرى كۆپ سۈپەتلىك خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا ئىگە، ھالبۇكى ئۇزاقتىن بۇيان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن مول ھوسۇل ئالسىمۇ پايدا ئالالماسلىقتەك مۈشكۈل ئەھۋالغا دۇچ كەلدى، بۇنىڭدىكى بىر سەۋەب شۇكى، ساتقاندا دەرىجىگە ئايرىماي، تۈكمە قىلىپ سېتىش باھانىڭ ئۆرلىمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۈگۈنكى كۈندە، باغۋەنلەر مەنبە ھالقىسىدىلا تۈرگە ئايرىپ ساتتى، باھاسىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆرلىدى، يەنە تېخى مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ سۈپىتى ۋە تەمىگە كاپالەتلىك قىلىندى ھەم باغۋەنلەرنىڭ دەرىجىگە ئايرىش ئاكتىپلىقىغا يەنىمۇ تۈرتكە بولدى، ئىككىلا تەرەپنىڭ پايدا ئېلىشى بىلەن بىر خىل ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش شەكىللەندى.

«ئىگىلىك تىكلىگەندىن بۇيان ئىنتايىن ئالدىراش بولۇپ كەتتىم، لېكىن بۇنداق ئالدىراشچىلىق ئەھمىيەتلىك بولدى.» ئىگىلىك تىكلىگەندىن بۇيانقى ئۆزگىرىشلەر تىلغا ئېلىنغاندا، ھەسەنجان مۇنداق دېدى: ئەسلىدە كىشىلىك ھاياتىمدا ئاتا ـ بوۋىلىرىمنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئەنئەنىۋى نەشپۈتچى دېھقان بولىمەن دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمما ئىگىلىك تىكلىگەندىن كېيىن، كىشىلىك ھاياتىمنىڭ باشقا بىر يولغا ئالمىشىپ، يەنە يېڭى ئېھتىماللىققا ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)